السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشلەرنىڭ ئەڭ سېخىسى ئىدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سېخى زات ئىدى، بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل بىلەن كۆرۈشكەندە تېخىمۇ سېخى بولۇپ كېتەتتى، جىبرىئىل رەسۇلۇللاھ بىلەن رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسىدە كۆرۈشۈپ قۇرئان ئۆگىتەتتى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى ئىشتا مەيىن شامالدىنمۇ بەك سېخى ئىدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ سېخى كىشى ئىدى»، يەنى: رەسۇلۇللاھ ئىقتىسادى، جىسمى، ئىلمى، دەۋتى، ۋەز-نەسىھىتى ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەتى يېتىدىغان ھەرقانداق ئىشلاردا سېخى ئىدى. «رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ سېخىلىق قىلاتتى» چۈنكى رامىزان ئېيى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە پەزلى-مەرھەمەت قىلىدىغان، تەۋپىق بېرىلگەن بەندىلەرمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىغا ياخشىلىق قىلىدىغان سېخىلىق ئېيىدۇر. «جىبرىئىل ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە»، يەنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل بىلەن ئۇچراشقاندا. «جىبرىئىل رەسۇلۇللاھ بىلەن رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسىدە كۆرۈشۈپ قۇرئان ئۆگىتەتتى»، يەنى: جىبرىئىل رەسۇلۇللاھنىڭ دەرس ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىشى ۋە قەلبىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن رامىزاندا ھەر كېچىسى قۇرئان ئۆگەتكىلى چۈشەتتى. رەسۇلۇللاھ جىبرىئىل ئۆزى بىلەن ئۇچرۇشۇپ، قۇرئان تەلىم بەرگەندە خەيرى-ساخاۋەت قىلىشتا مەيىن شامالدىنمۇ بەك سېخى بولۇپ كېتەتتى، يەنى: ياخشىلىقتا ئالدىراپ، بىر نەرسە بېرىشتە شامالدىن تېز ئىدى. «الريح المرسلة» يەنى: ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن سۈرئىتى تېز، بوران كەبى شامال. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئايلىرىدا كىشىلەرگە ساخاۋەت قىلىشتا بۇ شامالدىنمۇ بەك تېز ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6179

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee